# ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىغا ئىشتىراك قىلىماقچىمۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

# هل أنت تشارك بعيد الحب؟

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين
المفتي: الشيخ محمد بن صالح العثيمين

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نىئمەتۇللاھ
المترجم: منورة بنت نعمة الله

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1430 – 2009

islamhouse.com

# ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىغا ئىشتىراك قىلماقچىمۇ؟

يېقىنقى زاماندىن بىرى جەمئىيىتىمىزدە خۇسۇسەن قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاتالمىش «ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى»نى قۇتلۇقلاش يامراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بايرام خرىستىئانلارنىڭ بايراملىرىدىن بولۇپ، يىغىلىشقا قاتناشقۇچىلار ھەممىسى قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىشىدۇ ۋە ئۆز-ئارا قىزىل گۈللەرنى سوۋغا قىلىشىدۇ. سىلىدىن بۇ بايرامغا قاتنىشىشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىشلىرى بىلەن بىرگە، ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا دىققەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا يولىيورۇق بېرىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

جاۋاب:

ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

«ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى»غا ئىشتىراك قىلىش دىنىمىزدا تۆۋەندىكىدەك نەچچە تەرەپلىمىلىك دۇرۇس ئەمەس:

بىرىنچى: بۇ بايرام بىدئەت بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىدە ھېچقانداق ئاساسى يوق.

ئىككىنچى: بۇ بايرامغا قاتنىشىش دىنىمىزدا چەكلىمە قويۇلغان بىنورمال ئىشىق-مۇھەببەتكە تەرغىب قىلىدۇ.

بۇ بايرامغا قاتنىشىش ئىنسان قەلبىنى سۈننەت ۋە سەلەپ ئالىملارنىڭ ساغلام يوللىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ بىمەنە ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى بۇ كۈندە (يەنى 02-ئاينىڭ 14-كۈنى) بايرامغا ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا، يېمەك-ئىچمەك ياكى كىيىم-كېچەك، دوستلار، ساۋاقداشلار ۋە خىزمەتداشلار ئارىسىدا ئۆز-ئارا قۇتلۇقلىشىش ۋە بۇ كۈننى پەرقلىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆز ئەقىدىسى ۋە دىنى بىلەن پەخىرلىنىشى، شامال چىققان تەرەپكە كىتىۋەرمەستىن ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

جانابى ئاللاھتىن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئاشكارا ۋە مەخپى پىتنە-پاساتلاردىن ساقلىشىنى سورايمەن.

5-11-1420-ھىجرى